
مەكتەپ نوچىسى
غۇنچىلار

سادىر ئېگىز بويلۇق، ناھايىتى قاۋۇل، ئاۋازى ئۈنلۈك چىقىدىغان بالا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ يېشىغا قارىغاندا خېلىلا چوڭ كۆرۈنەتتى. دوستلىرىنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭدىن قورقاتتى ۋە ئۇنىڭ ھېچبىر گېپىنى رەت قىلمايتتى.



شۇ سەۋەپتىن ئۇ مەكتەپنىڭ نوچىسى، مەھەللىنىڭ كاتتىبېشى بولۇپ قالغان ئىدى. مەكتەپكە قانداقلا بىر يېڭى ئوقۇغۇچى كەلسە، سادىر دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۆزىنىڭ مۇسكۇللىرىنى كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ كۈچىنى كۆز-كۆز قىلاتتى ۋە شۇ يېڭى ئوقۇغۇچىنىڭمۇ ئۆزىگە بويسۇنۇشى كېرەكلىكىنى جاكارلايتتى.



بىر كۈنى مەكتەپكە ئەسقەر ئىسىملىك بىر يېڭى ئوقۇغۇچى كەلدى، ئۇمۇ ئاۋازى بوم، كۆچتۆڭگۈر، ئاچچىقى يامان، تەرسا بالا ئىدى. سادىر يىراقتىن ئۇنىڭغا قارىدى-دە، ئۇنىڭ قەلبىنى بىرئاز قورقۇنچ باستى. ئەمەلىيەتتە يېڭى كەلگەن بۇ ئوقۇغۇچىمۇ باشقىلار بىلەن چىقىشالمايدىغان، ۋارقىراپ-جارقىراپلا ئىش ھەل قىلىدىغان، ئىنتايىن قوپال بالا ئىدى.



سادىر مەكتەپنىڭ هويلىسىدىن ئاستاغىنە چىقىپ ئۆيىگە قايتتى. ئۇ دەرھال ھۇجرىسىغا كىردى-دە، بۇ ئوقۇغۇچىنى قانداق قىلغاندا ئۆزىگە بويسۇندۇرالايدىغانلىقى ھەققىدە ئويلىنىشقا باشلىدى.



ئانىسى ئۇنى ئائىلە ئەزالىرى بىلەن بىرلىكتە تاماق يېيىش ئۈچۈن داستىخانغا چاقىردى. بىراق ئۇ داستىخانغا چىقمىدى. بىرئازدىن كېيىن ئانىسى ئۇنى ئىچىملىك ئىچىۋېلىش ئۈچۈن يەنە چاقىردى. ئۇ يەنىلا ھۇجرىسىدىن چىقمىدى. ئانىسى ئۇنىڭ يېنىغا كىرىپ ئۇنىڭ غەمگە پاتقان ھالىتىنى كۆرۈپ، سەۋەبىنى سورىدى.



سادىر بىرەر چارە تېپىشقا پايدىسى بوپقالارمىكىن دەپ، غەملىرىنى ئانىسىغا ئېيتتى. ئانىسى قاتتىق چۆچۈدى ۋە ناھايىتى مېھرىبانلىق بىلەن  سادىرنى چىڭ قۇچاقلىدى-دە، ئۇنىڭغا مۇنداق دېدى:



- ئوغلۇم، سېنىڭ بۇ قىلغانلىرىڭنىڭ خاتالىقى ھەققىدە داداڭ ساڭا نەچچە قېتىم نەسىھەت قىلمىغانمىدى؟! داداڭ ساڭا ھەقىقى باتۇر دېگەن جىسمانى جەھەتتىنلا ئەمەس، بەلكى ئەقىل ۋە بىلىم جەھەتتىنمۇ كۈچلۈك بولغان كىشىدۇر دېمىگەنمىدى؟

سادىر ئانىسىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدى.



ئەتىسى سادىر ئەسقەرنىڭ يېنىغا باردى ۋە ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى. ئەسقەر سادىرنىڭ ئۆزىگە قىلغان مۇئامىلىسىنى كۆرۈپ ئەتىراپىدىكى ئوقۇغۇچىلارغا ھەيرانلىق بىلەن قارىدى. چۈنكى ئۇ كۆپىنچە ساۋاقداشلىرىدىن سادىرنىڭ تەرسا، ئاچچىقى يامان، قارام ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغان ئىدى. ساۋاقداشلىرىمۇ بۇ ئىشقا ھەيران قېلىشتى.



سادىر ئەسقەر ۋە باشقا ساۋاقداشلىرىنىڭ ھەيرانلىق ئىلكىدە قاراشلىرىنى چۈشەنگەندەك بولۇپ: - مەن خاتالىقىمنى تونۇدۇم. بىز ئەسلىدە ھەم ساۋاقداش، ھەم دوست بولۇپ ئۆتەلەيدىكەنمىز، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ھەممىمىز مۇشۇنداق ئىجىل-ئىناق بولايلى،- دېدى.

بۇنى ئاڭلاپ ساۋاقداشلارنىڭ ھەممىسى خۇشال بولۇپ، چۇرقىرىشىپ چاۋاك چېلىشىپ كەتتى.

